# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق تۆگىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭغا مىنىۋال!» دېدى، ئۇ ئادەم: بۇ قۇربانلىق تۆگە،-دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا مىنىۋال!» دېدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق تۆگە ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭغا مىنىۋال!» دېدى، ئۇ ئادەم: بۇ قۇربانلىق تۆگە،-دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا مىنىۋال!» دېدى، ئۇنىڭ تۆگىگە مىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىمدا: «ئىپىست ساڭا!» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قۇربانلىق تۆگىنى مىنىشكە ئېھتىياجلىق تۇرۇپ، ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «تۆگەڭگە مىنىۋالغىن» دېدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بەيتۇللاھقا ھەدىيە قىلىنغان تۆگە ئۇلۇغ، چېقىلىشقا بولمايدىغان بولغاچقا، بۇ ساھابە ئۇنىڭ بەيتۇللاھقا ھەدىيە قىلىنغان تۆگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سۈرۈشتۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگە گەرچە بەيتۇللاھقا ئاتالغان ھەدىيە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن» دېدى، ئۇ كىشى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم قايتىلىغاندا، گەرچە ھەدىيە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مىنىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن:«ئۇنىڭغا مىنىۋال» دېدى، ئۇ كىشى تۆگىگە مىندى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3152

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee